# ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 16 - سان

نويابىر 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر

# ئەردوغان: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتىمىز



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV | Istiqlal TV | Istiqlal TV | Istiqlal TV



# خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆيلىرىگە قامىۋالغانلىقى ئاشكارلاندى

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان ئۈندىدار توپى سۆھبىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ غۇلجا خەلقىنى ۋىرۇس باھانىسى بىلەن ئۆيلىرىگە سولاپ قويغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان.

ئۈندىدار توپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلارغا قىلغان شىكايەت ۋە تەلەپلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي يۇقۇم باھانىسى بىلەن 10 - ئاينىڭ بېشىدا بارلىق كىشىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشىنى چەكلەپ، ئۆيلىرىگە قاماپ قويغان. قامالنىڭ 18 - ئۆكتەبىر بوشىتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق 28 - ئۆكتەبىرگىچىمۇ بىكار قىلىنمىغان.

ئۈندىدار توپىدا قىلىنغان شىكايەتلەردە يەنە خىتاي ۋىرۇس يۇقۇمى باھانىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئائىلىسىگە قامىغاچقا خەلقىنىڭ ئاچ قالغانلىقى، كۆپ قىسىم ئائىلىلەردىكى ئەرلەرنىڭ تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. مەزكۇر توپتا خەلق قاتتىق زارلىنىپ: «ئائىلىدە ئەرلەر يوق، ئائىلىنىڭ ھەممە يۈكى ئاياللارغا قالدى... كىرىم مەنبەسى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، بەك قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق... يىغىپ قويغان پۇللار تۈگىدى، ئۇن ۋە كۆكتاتلار تۈگىدى... كۈنلۈك ئىشلەپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان ئىدۇق. بىر تەرەپتىن سوغۇق، بىر تەرەپتىن ئاچلىق قىيناپ كېتىۋاتىدۇ، كېسەلدىن ئەمەس، بەلكى ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدۇق... ئۆيدە ئىسسىنىدىغان كۆمۈر يوق، قامالنى بوشاتسا قىشلىق كۆمۈر ئېلىۋالساق بولاتتى. قىشلىق كۆمۈر ئالغىلى پۇل يوق، قانداق قىلارمىز؟» دېگەندەك نارازىلىق سۆزلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارغا شىكايەت قىلغان.

ئىگىلىنىشىچە، 7 - ئۆكتەبىر ئىلى ۋىلايىتىگە تەۋە كۆكدالا شەھىرىدە ئىككى كىشى خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان. ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش كومىتېتى 5 - ئۆكتەبىر يېڭىدىن بىر يۇقۇملانغۇچىنىڭ بايقالغانلىقىنى، ئالامەتسىز يۇقۇملانغۇچىلار تۆت ئىكەنلىكىنى، بۇلار ئىچىدىكى ئىككى بىمارنىڭ قورغاستا بايقالغانلىقىنى، ئىلى ۋىلايىتىگە جايلاشقان كۆكدالا شەھىرىدە ئىككى بىمار بايقالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي دائىرىلىرى ۋىرۇس باھانىسى بىلەن كۆكدالا شەھىرىنى قامال قىلغان بولۇپ، يېڭىدىن بايقالغان ئىككى بىمار بىلەن ئۇچراشقان 200 گە يېقىن كىشىنى مەخسۇس ئورۇندا تېببىي كۆزەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى. خىتاي مۇشۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، نۇرغۇن ناھىيە، شەھەرلەرنى قامال قىلغان. رايوندا ۋىرۇس يۇقۇمى قايتا كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە قامالنى بوشاتمىغان.




(بۇ ماقالە تۈركىيەنىڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللىرىدىن بىرى بولغان «خەۋەر ئاجاندا ژۇرنىلى» نىڭ تور بېتىدە 22 - نويابىر تۈركچە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تەلەپكە بىنائەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى)

ئاپتورى ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغۇچى: مىركامىل كاشغەري

خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى (ئىنتېرپول)نىڭ 89 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى ئەتە (23 - نويابىر) ئىستانبۇل خالىچ قۇرۇلتاي مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىغىندا ئىنتېرپول رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىدۇ. 23 - نويابىردىن 25 - نويابىرغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا 155 دۆلەتتىن 645 ۋەكىل قاتنىشىدۇ. 25 - نويابىر ئىنتېرپول ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ۋە ئەزالىرى سايلىنىدۇ. خالىچ قۇرۇلتاي مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا 15 مىنىستىر، 9 مۇئاۋىن مىنىستىر، 4 باش كاتىپ، 17 خەلقئارالىق تەشكىلات ۋەكىلى ۋە ئەزا دۆلەتلەردىن كەلگەن 51 ساقچى ئىدارىسى باشلىقى سەۋىيەسىدە بىيۇروكرات قاتنىشىدۇ.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە خەلقئارا سىياسىي تەشكىلاتلار خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسىتى ئۈچۈن ئىنتېرپولنى سۇيىئىستېمال قىلىش خەۋپى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

تۈركىيەدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ئەزا 20 دىن ئارتۇق ۋەقفى ۋە جەمئىيەتلەر ئىنتېرپول ئىجرائىيە ھەيئىتى باشلىقلىق سايلىمى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئەزا دۆلەتلەرنى بېلەت تاشلاشتا ئېخمۇ سەزگۈر بولۇشقا ۋە خىتاي نامزاتىنى قوللىماسلىققا چاقىردى. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئېلان قىلغان باياناتتا مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتېرپولدىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىنىڭ خەلقئارالىق قىممەت قاراشلارغا، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دۇنيا تەرتىپىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

”

باياناتتا «بۇ مەسىلىلەردە بىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولغان ۋە خەلقئارالىق قىممەت قاراشلارنى قوغداشنى قوللايدىغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، پالاتا ئەزالىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئورتاق ئەندىشىمىزنى بىلدۈرىمىز» دېيىلگەن بولۇپ، بولۇپمۇ تۈركىيە قاتارلىق باشقا دۆلەتلەرنى بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل قاراپ، يېڭى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ

تىخمۇ ئادىل ۋە ئىنتېرپولنىڭ نىشانىغا ماس ھالدا شەكىللىنىشى ئۈچۈن خىتاي نامزاتىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

خىتاي بولسا ئىنتېرپولنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىگە خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىخەتەرلىك ئەمەلدارى خۇ بىنچېننىڭ سايلىنىشىنى تەلەپ قىلماقتا. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى خەلقئارا ھەمكارلىق بۆلۈمىنىڭ باش ئەمەلدارى خۇ بىنچېن ئىنتېرپول ئىجرائىيە كومىتېتى ئاسىيا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئىككى ئورۇن ئۈچۈن سايلامغا چۈشكەن ئۈچ نامزاتنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلمەكتە. خۇ بىنچېن 2021 - يىلى 23 - نويابىر ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلامدا رىقابەتكە چۈشىدۇ.

13 كىشىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتى ئىنتېرپول باش كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە كەلگۈسى سىياسەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەمما مۇستەبىت خىتاي رېجىمى ياكى ئورگانلىرىنىڭ ئىنتېرپول سىستېمىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۆكتىچىلەرگە پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى توغرىسىدا شىكايەتلەر بارغانسېرى كۆپىيمەكتە. چۈنكى خىتاينىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۆكتىچىلەرگە ئاساسسىز باھانىلەر بىلەن ئىنتېرپولدىن قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئىجرا قىلىنماي كەلمەكتە. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە خەلقئارالىق سىياسىي تەشكىلاتلار خىتاينىڭ ئىنتېرپول مەلۇمات ئامبىرىنى خىتايغا قارشى كىشىلەرنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

## ئىنتېرپول ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپىسى

ئىنتېرپول ئىجرائىيە كومىتېتى 13 مۇدىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىجرائىيە كومىتېتى باش كاتىپ ۋە باش كاتىپ ئىشخانىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، شۇنداقلا خىزمەت پىلانى ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە ياردەملىشىشكە مەسئۇل. ئىنتېرپول يەنە «تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كۈتۈلۈۋاتقان شەخسلەرنى تېپىش ۋە ۋاقىتلىق قولغا ئېلىش» ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى سىستېمىسىنىمۇ ئىشقا سالىدۇ. كىشىلەر ۋە مال-مۈلۈكلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئىگە. ئىنتېرپولنىڭ خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا تەۋە بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئارخىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بار. خىتاينىڭ بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى سۈيىئىستېمال قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ ئارخىپى ئىنتايىن قېلىن. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ھەر يىلى ئىنتېرپولغا تەخمىنەن 3000 دېلو يوللايدۇ. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى 15 - نويابىردا ئېلان قىلغان بىر دوكلات خىتاي تەرىپىدىن چىقىرىلغان «قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى» سانىنىڭ 2000 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 10 ھەسسە كۆپەيگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى «Safeguard Defenders» نىڭ دوكلات قىلىشىچە، خۇ بىنچېن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغان خىتاي مىنىستىرلىقىنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق بۆلۈمى چەت ئەللەردىكى قاچقۇنلارنى قوغلايدىغان «Sky Net» ۋە «Fox Hunt» ناملىق ھەرىكەتلەرنى بىۋاستە نازارەت قىلغان.

«Safeguard Defenders» ئالدىنقى دۈشەنبە (15 - نويابىر) ئېلان قىلغان دوكلاتتا خۇ بىنچېننىڭ نازارىتى ئاستىدىكى ئەترەتنىڭ مىنىستىرلىق تەرىپىدىن خىتاي پۇقرالىرىنى قورقۇتۇش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە ئۇلارنى خىتايغا قايتىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى بىلدۈرۈلدى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئوخشىمىغان پارتىيەلەردىن تەركىب تاپقان «خىتايغا قارشى دەرىجىدىن تاشقىرى پارلامېنتلار بىرلىكى» بۇ ئەھۋالغا ئوچۇق-ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرۈپ،



ختاينىڭ بولۇپمۇ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۆكتىچىلەرگە قارىتا «قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى» چىقىرىش ئۈچۈن ئىنتېرپولدىكى ئورنىدىن خاتا پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى.

«ختايغا قارشى دەرىجىدىن تاشقىرى پارلامېنتلار بىرلىكى»نىڭ ئىنتېرپولغا يازغان مەكتۇپىدا «خۇ بىنچېننىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتىگە سايلىنىشى ختاينىڭ ئىنتېرپولنى داۋاملىق سۇيىئىستېمال قىلىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدۇ ۋە ھەمدە خوڭكوڭلۇقلار، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرگە ئوخشاش چەت ئەللەردە ياشايدىغان ختايغا قارشى شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مەسىلەن: ماراكەشتە ختاينىڭ دەلىلسىز قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى ئارقىلىق قولغا ئالدۇرغان ئۇيغۇر ئىدرىس ھەسەننىڭ دېلوسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلدى.

2021 - يىلى 19 - ئىيۇلدا ساياھەت ۋىزىسى بىلەن ماراكەشنىڭ كاسابلانكا شەھىرىگە بارغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ئىدرىس ھەسەن ختاينىڭ ئىنتېرپولغا ئىسپاتسىز يوللىغان تەلىپىگە ئاساسەن ماراكەشتە قولغا ئېلىنغان. ئاندىن 2 - ئاۋغۇست ئىنتېرپول دەلىل-ئىسپات يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ماراكەشتە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىدرىس ھەسەن ئۈچۈن تارقىتىلغان قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقىنى ۋاقتىنچە توختاتقانلىقىنى ئېلان قىلغان. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماراكەش دائىرىلىرى ئىدرىس ھەسەننى ختاينىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن تېفرىتتىكى قايتۇرۇش مەركىزىدە تۇتۇپ تۇرماقتا. ئەگەر ئۇ ختايغا قايتۇرۇلسا، قىيىن-قىستاق ۋە ئۆلۈم لاگېرلىرىغا تاشلىنىدىغانلىقى ئېنىق. ماراكەش سوتى ئىدرىس ھەسەننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنىڭ تېخى قارار قىلىنمىغانلىقىنى ۋە سوت كۈننىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئىدرىس ھەسەننىڭ ئايالى بۇزەينۇر خانىم ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ماراكەشنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا بارغانلىقىنى ۋە بىگۇناھ يولدىشىنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ھەمدە سوتنىڭ قارارىغا بولغان كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.



«ئەرەب ئاگېنتلىقلىرى» ۋە «ئافرىقا ئاگېنتلىقلىرى» قاتارلىق ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە، ئەگەر ئۈچ پەرزەنتلىك ئىدرىس ھەسەن ختايغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە، تەن جازاسىغا ۋە قىيىن-قىستاققا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكى تەكىتلەنمەكتە.

ختاينىڭ ئىنتېرپولنى سۇيىئىستېمال قىلىشىغا ئائىت بۇنىڭغا ئوخشاش نەچچە ئونلىغان مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. نېمە ئۈچۈنكىن-تاڭ، ختاي ئىنتېرپولدىن دەلىل-ئىسپاتسىزلا قىزىل رەڭلىك ئۇقتۇرۇشلارنى تېزلا چىقىرالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قېتىم تورك دۇنياسىنىڭ قەلبى بولۇش ماھىيىتىگە ئىگە ئىستانبۇلدا، ئەگەر ختاي بىخەتەرلىك ئەمەلدارى خۇ بىنچېن ئىنتېرپول ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدىغان بولسا، ختاينىڭ يەنە نېملەرنى قىلالايدىغانلىقىنى، قېنى، ئەمدى سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ!

شۇڭلاشقا دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا «تاجاۋۇزچى ختاينىڭ ئىنتېرپولنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىشىغا ياق!»، «ختاينىڭ ئىنتېرپولنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇيغۇرلار ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۆكتىچىلەرنى جىمىقتۇرۇشىغا يول قويماڭلار!»، «23 - نويابىر ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىلەت تاشلاشتا ختاينىڭ ئىنتېرپولنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىشى ئىنتېرپولنىڭ ختاي قورچىقىغا

ئايلىنىدىغانلىقىدۇر» دېگەن شوئارلىرى بىلەن نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

## قېنى ئەمىسە «ئىنتېرپول زادى نېمە؟» دېگەن سوئالغا كېلەيلى

ئېسىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن، 2019 - يىلى خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى (ئىنتېرپول) نىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان خىتاي مىڭ خۇڭۋېينىڭ يوقاپ كېتىشى بۇ ئورگان ھەققىدە چېكىش سوئاللارنى پەيدا قىلغان ۋە ئىنتېرپولنىڭ ئۆز رەئىسىنىڭ ئورنىنى نەچچە كۈنگىچە بىلەلمەسلىكى تالاش-تارتىشلارغا يول ئاچقان ئىدى. 65 ياشلىق مىڭ خۇڭۋېي 2019 - يىلى 9 - ئايدا فىرانسىيەدىن خىتايغا بارغاندا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن خەلقئارانىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مۇستەبىت خىتاي رېجىمى مىڭ خۇڭۋېينى پارىخورلۇق بىلەن ئەيىبلەپ، خىتاي سوتى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

## ئىنتېرپول قانداق ئورگان؟ ھەقىقىي ساقچى قىسىممۇ؟

ئىنتېرپول كۆپىنچە كىنولاردا كۆرسىتىلىدىغان ئامېرىكا فېدېراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FBI) ياكى مەركىزىي ئىستىخبارات تەشكىلاتى (CIA) قاتارلىق بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ ئورگانلار ئارىسىدا زور پەرق بار. ئىنتېرپولنىڭ بىۋاسىتە قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگىنى سۈپىتىدە خىزمەت قىلالمايدۇ.

## ئۇنداقتا ئىنتېرپولنىڭ قۇرۇلۇش نىشانى نېمە؟ ئورگاننىڭ پائالىيەت ساھەلىرى قايسى؟ قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟

ئىنتېرپول 1923 - يىلى ساقچىلارنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان. باش ئىشتابى فىرانسىيەنىڭ لىئونغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تەشكىلات 190 دۆلەتنىڭ ئەزا بولۇشى بىلەن، بىخەتەرلىك قىسىملىرى ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ چېگرا ھالقىغان جىنايەتچىلەرنىڭ تۇتۇلۇشى ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنتېرپولنىڭ ئەزا دۆلەتلەردىكى ئادۋوكاتلار ئۇيۇشمىلىرى ئارقىلىق ھازىرچە ھەل قىلىنمىغان جىنايەتلەر ۋە جىنايىتى ئىسپاتلانغان ياكى ئىسپاتلانمىغان جىنايەتچىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇمات ئامبارلىرىغا ئىگە. ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىك قىسىملىرى بۇ ئورگان ئارقىلىق ئۇچۇر يوللاپ، باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشالايدۇ. بۇ ئارقىلىق ساقچى ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ئۇچۇرلىرى ۋە ھۆججەتلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىخەتەر ئالماشتۇرالايدۇ.

مەسىلەن: تۈركىيەنىڭ ساقچى ئىدارىسى، دېڭىز ساھىلى مۇھاپىزەت ئەترىتى قوماندانلىق ئىشتابى، ژاندارما باش قوماندانلىق ئىشتابى ۋە تاموژنا باش مەھكىمىسى ئىنتېرپول بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئورگانلاردۇر. تۈركىيە 1930 -يىلى ئىنتېرپولغا ئەزا بولغان بولۇپ، ئامېرىكا يەكلىنىش دەۋرىدىن كېيىن 1961 -يىلى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان.

## ئىنتېرپول قايسى ساھەلەردە پائالىيەت قىلىدۇ؟

ئىنتېرپول خەلقئارالىق سالاھىيەتكە ئىگە رايونلاردا بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى مەشغۇلات ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاممىۋى بىخەتەرلىك، تېررورلۇق، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى، ئىقتىسادىي ۋە ئېلغار تېخنىكا جىنايىتى، ئادەم ئەتكەسچىلىكى، بالىلارغا قارىتىلغان جىنايەت ۋە قورال ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق ساھەلەردە پائالىيەت قىلىدۇ. ئۇرۇش جىنايىتى، خىمىيەلىك، بىيولوگىيەلىك، يادرو ۋە پارتلاتقۇچ ماتېرىياللار بىلەن سادىر بولىدىغان جىنايەتلەر قاتارلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە چېتىشلىق ساھەلەردىمۇ كۈرەش قىلىشقا تىرىشىدۇ. لېكىن كۆپىنچە كىنولاردا كۆرسىتىلگىنىنىڭ ئەكسىچە ئىنتېرپولدا ئىشلەيدىغان ساقچىلار نەق مەيداندا بىۋاسىتە مەشغۇلات قىلالمايدۇ ۋە مەشغۇلاتلارغىمۇ قاتنىشالمايدۇ.

## ئىنتېرپولنىڭ ئۇقتۇرۇشلىرى نېمىگە يارايدۇ؟

جىنايەتكە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان خەلقئارالىق ئۇقتۇرۇشلار سىستېمىسى ئىنتېرپولنىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيەسىنىڭ بىرى، دەپ قارىلىدۇ. ئەزا دۆلەتلەرنىڭ جىنايەت ۋە جىنايەتچىلەر ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدىغان ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى تەلەپ قىلىدىغان سەككىز خىل

ئۇقتۇرۇش مەۋجۇت. بۇ ئۇقتۇرۇشلار ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك مەركىزىي ئورۇنلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تەشكىلاتنىڭ تۆت تىلىدا (ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە، ئىسپانچە، ئەرەبچە) ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ خەلقئارالىق ئۇقتۇرۇش سىستېمىسى ئارقىلىق ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق باغلىنىشنى كۈچەيتىش ۋە جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، يوقاپ كەتكەن كىشىلەرنى تېپىش ۋە تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئۇقتۇرۇشلارنى ئېلان قىلىدۇ.

## قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى دېگەن نېمە؟ قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟

بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى، قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى بولۇپ، بىرەر ئەزا دۆلەت ياكى خەلقئارا سوت مەھكىمىسى ئىزدەۋاتقان كىشى ياكى كىشىلەرنى تۇتۇش ۋە تەلەپ قىلىنغان دۆلەت ياكى سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەقسىتىدە چىقىرىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى بىلەن ئىزدىلىشى ئۈچۈن ئەزا دۆلەت ئالدى بىلەن بۆلۈم باشلىقلىرى ئارقىلىق گۇماندارغا تەۋە زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنى ئىنتېرپولغا يوللايدۇ ھەمدە خەلقئارالىق ئىزدەشنى ۋە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئىنتېرپول باش كاتىبات باشقارمىسى مەزكۇر كىشىنى ئىزدەشنىڭ ئىنتېرپولنىڭ ئىچكى ئۆلچەملىرىگە ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. ئاخىرقى باسقۇچتا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ساقچى تارماقلىرى قىزىل تاشلىق ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغان كىشىنى ئىزدەش ۋە قولغا ئېلىش توغرۇلۇق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىنىدۇ. قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقىغا ئاساسەن قانداق ھەرىكەت قىلىش ھەر بىر ئەزا دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئوخشاشمايدۇ. شۇڭلاشقا «قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقىدا تىلغا ئېلىنغان كىشى دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە كۆرۈلگەن ھامان تۇتۇلىدۇ ۋە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن قاراش قانۇنىي نۇقتىدىن توغرا ئەمەس.

بولۇپمۇ خىتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھازىر قانچىلىك كىشىنىڭ ئىزدىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئىنتېرپولنىڭ ئاممىغا ئوچۇق مەنبەلىرىدە ھەمبەھىرلەنمەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، خىتاي ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ قايسى ئەيىبلەشلەر بىلەن ئىنتېرپولغا دوكلات قىلىنغانلىقىمۇ ئاشكارا ئەمەس. خىتاينىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىنتېرپول سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چەت ئەللەردە خاتىرجەم ياشاتقۇزماسلىق، قايتىپ كېلىشكە ۋە ناتسىستلارچە لاگېرلىرىدا ماڭقۇرت بولۇشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت. تۈركىيەدە پات-پات ئۆيلىرىدىن تۇتۇلۇۋاتقان ۋە دەلىل-ئىسپات يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياكى بىر نەچچە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە مۇستەبىت خىتاي رېجىمىنىڭ ئىنتېرپولدىن قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىش نەيرەڭۋازلىقى ئاساسلىق رول ئوينىماقتا.





# ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى ئۇيغۇرلار ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى

ئامېرىكا قىرغىنچىلىق خاتىرە مۇزېيىنىڭ سايمىن-سكىيود ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى.

يېڭى شەپەق تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا قىرغىنچىلىق خاتىرە مۇزېيىنىڭ سايمىن-سكىيود ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى 9 - نويابىر دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.

سايمىن-سكىيود ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزى 9 - نويابىر ئەتىگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش ۋە مەزكۇر دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، دوكلاتتا ئۇيغۇرلار بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەر بايان قىلىنغان ۋە قوغداشقا تېگىشلىك مىللەتلەر ئۇچۇن ھەرىكەتكە ئۆتمىگەندە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە سىگنال بېرىلگەن.

”

سايمىن-سكىيود ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى نائومى كىكولېر خانىم 59 بەتلىك دوكلاتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر گۇۋاھچىلار، تەتقىقاتچىلار بىلەن كۆرۈش ئاساسىدا تەييارلانغانلىقىنى، دوكلاتتا خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنىڭ پاكىتلىق رەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارشى بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى ۋە ئېغىرلىقىنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.





# خىتاي تەقلىدىي ئامېرىكا پاراخوتى ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئالاھىدە مەشىق ئۆتكۈزگەن

ئامېرىكىنى مەنبە قىلغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ئامېرىكا ئارمىيەسى تىنچ ئوكيان رايونىغا ئورۇنلاشتۇرغان كۆپلىگەن پاراخوتلارنى تەقلىد قىلىپ ياساپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن زەربە بېرىش مەشىقى ئۆتكۈزگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھ شىركىتى «Maxar Technologies» 7-نويابىر تارقاتقان سۈرەتلەردە تەكلىماكان قۇملۇقىدا خىتاينىڭ ئامېرىكا پاراخوتلىرىغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تەقلىدىي مودېللىرى بارلىقى ئاشكارىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كەم دېگەندە بىرى ئاۋىياماتكىغا ئوخشايدىكەن، يەنە بىرى بولسا قوغلىغۇچى پاراخوتقا ئوخشايدىكەن.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى تەتقىقات ئورنىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، تەقلىد قىلىپ ياسالغان مودېللارنىڭ بىرى رېلىس يولىغا ئورنىتىلغان. گەرچە بەزىلىرى قارىماققا ئىككى ئۆلچەملىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما يەنە بەزىلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپ كۆرۈنىدىكەن.

تەتقىقات ئورنى ئېلان قىلغان دوكلاتتا: «ئىلگىرىكى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ تۇنجى قېتىم تەقلىد قىلىپ ياسىغان تەقلىدىي مودېلى ئامېرىكا ئاۋىياماتكىسىنىڭ مودېلى بولۇپ، 2019 - يىلى 3 - ئايدىن 4 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان» دېيىلگەن.

9 - ئۆكتەبىر تارتىلغان سۈرەتتە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر كېلىدىغان ئەسۋابلار بىلەن قاپلانغان نىشان ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى ئوربىتىغا قويۇلغان. تەھلىل قىلىنىشىچە، خىتاي ياساپ چىققان مەزكۇر مودېللىرى ئارقىلىق ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ئۆز نىشانى قىلغان بولۇش ئېھتىماللىقى بار بولۇپ، تەقلىدىي ئىزدەش ۋە سىناق نىشانى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 8 - نويابىر ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا تەقلىد قىلىنغان سۈرەتلەر ھەققىدىكى سوئالغا: «ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىل مارت ئېيىدا گېنېرال فىلىپ داۋىدسون ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدا: «خىتاينىڭ بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ھەربىي مەشىقتە ئىشلىتىشى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۇچىنچى تەرەپ كۈچلىرىگە قارشى رايون كىرىزىسىغا ئارىلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى» دېگەن.



# تۈركىيەدە ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى ئالاھىدە خاتىرىلەندى

1933 - يىلى ۋە 1944 - يىلى 12 - نويابىر شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش مۇراسىمى 12 - نويابىر ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدىكى كازلىچەشمە كۇلتۇر مەركىزى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

جۇمھۇرىيەت كۈنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. كۇلتۇر مەركىزى زالىدا يەنە شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان سۈرەت كۆرگەزمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

پائالىيەت ئالدى بىلەن ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. تۈركىيە دۆلەت مارشى ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشى قويۇلغاندىن كېيىن، تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ سۆزىدە ھەر يىلى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش كۈنىنى خاتىرىلەشتىكى مەقسەتنىڭ ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ چىققان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغان رەھبەرلەر، مۇجاھىدلارنىڭ روھىنى ئۆرنەك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىللىقتا ئېرىشتۈرۈش روھىنى تىكلەش ئىكەنلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

يىغىلىشتا ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى جۇمھۇرىيەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىغان قىسقا فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، تۈركىيە سائادەت پارتىيەسى رەئىسى تەمەل قارامئوغلى، يېڭى رەفاھ پارتىيەسى رەئىسى فاتىھ ئەربەقان قاتارلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنى ئۈچۈن ئەۋەتكەن تەبرىكنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

ئارقىدىن تاڭنۇرى تەلىم-تەربىيە مەركىزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان سابىت داموللام بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆرەش تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

يېڭى رەفاھ پارتىيەسى زەيتىنبۇرنۇ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمايىل چەلەبى سۆز قىلىپ: «نېمە ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملارغا ئاۋاز چىقارمايدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ ۋە

تۈرك-ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملارغا سۈكۈت قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. ئىيى پارتىيەسى تۈرك دۇنياسى مەسىلىلىرى مەسئۇلى نۇرجاھان ھاستەدىئوغلى خانىم سۆز قىلىپ، ئىيى پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل ۋە پارتىيە مەركىزىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىشخانىسى بارلىقىنى، ھەر دائىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى، يېقىندىن بېرى ئائىلىسى بىلەن ئالاقىلىشالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

كېلەچەك پارتىيەسى ئىستانبۇل شۆبىسى مۇئاۋىن رەئىسى ئوغۇرئاۋنى باشارىرمۇ سۆز قىلىپ، پەلەستىن ۋە باشقا يەردىكى زۇلۇملارغا قارشى ئاۋاز چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنتۇغان دۆلەت ۋە تاراتقۇلارنى ئەيىبلىدى. ئۇندىن باشقا ھۆر دەۋا پارتىيەسى ئىستانبۇل شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شارافەددىن گۆلەي، يەسەۋىي ئالپەرەنلەر ۋەقفى رەئىسى كۇرشات مىجان، ژۇرنالىست گۆڭگۈر ياۋۇز ئارسلان قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ باش ئەگمەي داۋام قىلىۋاتقان مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ماختىدى ۋە ئىلھام بەردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە ئىزناكلىرى قادالغان ھەربىي فورمىلارنى كىيگەن سۇتۇق بۇغراخان ئوغۇللار كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ھىرا ئۇيغۇر مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى ئەسكەرلەرنىڭ پاراتتىن ئۆتۈش نومۇرىنى ئورۇندىدى.

پاراتتىن كېيىن قەھرىمانماراش سۇتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا 1933 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئالدى-





كەيىندىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇن گۇرۇپپىلارنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق قۇرۇلغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ زەيتىنبۇرنۇ قۇرئان كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربى ۋە بايرىقىنى تونۇشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ نىشانىنى نامايان قىلدى.

سۇتۇق بۇغراخان قىزلار قۇرئان كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەن سۆيگۈسى ھەققىدە شېئىرى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئارقىدىن يەتتە قىز ئوقۇغۇچى يەتتە خىل تىلدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇمھۇرىيەت كۈنىنى تەبرىكلىدى.

---

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار 1944 - يىلى قۇرۇلغان ئىككىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت ھەققىدە توختالدى. ئۇ سۆزىدە خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا قارشى قوزغالغان مۇجاھىدلارنىڭ ئاددىي قوراللىرى بىلەن خىتاينىڭ، شۇنداقلا رۇسلارنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىغا قارشى تېنىنى قالقان قىلىپ، قىسقا ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ كۈچىدىن قورقماسلىقى كېرەكلىكىنى، خىتاينى چوقۇم مەغلۇپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

„

شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىدىن ئىبراھىم سىدىق «ئەر ئەمەس» ناملىق شېئىرنى

دېكلاماتسىيە قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەركىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان «ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ياشلارنىڭ رولى» تېمىسىدا سۆز قىلدى. ئۇ ياش ساھابىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى، شۇنداقلا ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشقان ياشلارنىڭ ھاياتىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى ياشلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىدىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەركىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېقىندا ئۇيۇشتۇرغان كوچا زىيارىتى قىسقا فىلىم ئىشلەش مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر مۇكاپاتلاندى. مۇسابىقىدە بىرىنچى دەرىجىلىككە ئېرىشكەن ئۆمەر فەرۇق ئارسلان 5000 لىرا مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋالدى.

پائالىيەتتە يەنە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ كاتتا ئەجرگە ئېرىشكەنلىكىنى، بۇ يولدا خائىنلىق قىلغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ئازابقا، دۇنيادا خارلىققا قالىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ يولدا ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە تۈرك ناخشىچى بۇنيامىن ئاقسۇنگۇر «جانان ئۇيغۇدا»، «ئاچىل»، «ئۇچراشقاندا» قاتارلىق ۋەتەن، مىللەت كۈيلەنگەن ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئورۇندىدى.






جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئومۇميۈزلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەجدادلاردىن قالغان مۇستەقىللىق ئىرادىسىنى ھەرگىز سۇندۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان پىداكار ئەۋلادلارنىڭ توختىماي يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا شەك-شۈبھىسىز ئىشىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور، دوكتور جەلال ئەرباي سۆز قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى سېپىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئۈمىدۋار بولغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى تەرەققىي قىلغان شۇنداق مۇھىم بىر پەيتتە، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، بۆلۈنۈشنىڭ چوقۇم مەغلۇبىيەتكە ئاپىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

بۇ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى نىياز داموللامنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىتاينىڭ ھالاكىتى، رەھىمسىز باستۇرۇشلار ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئوخشاشلا 12 - نويابىر كەچتە تۈركىيەنىڭ كونيا شەھىرىدە سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى شۆبىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن جۇمھۇرىيەت كۈنى خاتىرىلەندى. كونيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قاتناشقان مەزكۇر پائالىيەتتە ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ

قۇرۇلۇش تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تونۇشتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۆسمۈرلەر تەييارلىغان نومۇرلار ئورۇندالدى.

تۈركىيەنىڭ كاستامونۇ شەھىرىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، كاستامونۇدىكى ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى نامايىش ۋە بايانات ئېلان قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق جۇمھۇرىيەت كۈننى خاتىرىلىدى.

ئۇندىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغان كۈنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن خاتىرىلەندى. جۈملىدىن 13 - نويابىر ئەنگلىيەنىڭ لوندون ۋە مانچېستىر شەھىرىدىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار ۋە ئۇيغۇرلار بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش كۈننى خاتىرىلىگەن ھەمدە خىتايغا قارشى بايانات ئېلان قىلغان. بايانىاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىنى، بارلىق ئىبادەتلىرىنى چەكلەش قىلمىشى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان قىرغىن قىلىش جىنايى قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن.

بېلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەن، شۇنداقلا بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن پايتەختى بىريۇسسېلدىكى سىمۋوللۇق قۇرۇلۇش «ئاتومىيوم» مۇنارىمۇ كۆك رەڭگە بويالغان.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى پارىژ شەھەر باشلىقى ئان ھېدالگو تىۋىتتېر سۇپىسىدا ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ، پارىژ شەھىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقنى بىلدۈرگەن بولۇپ، پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى 12-نويابىر شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنىڭ رەڭگىدە يورۇتۇلغان. ئۇندىن باشقا ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ تېمىدىكى چوڭ ئېكرانغا «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك» دېگەن خەتلەر كۆرسىتىلگەن.

ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بوستوندا جۇمھۇرىيەت كۈننى تەبرىكلەپ، بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئۇندىن باشقا يەنە بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان كۈننى ئاقسارايدا خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇلار نامايىش قىلىش ئارقىلىق بايدېن ھۆكۈمىتىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

12 - نويابىر ياۋروپادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، دەنخاگ شەھىرىدىكى گوللاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىناسى ئالدىدا ئىككى جۇمھۇرىيەت خاتىرىلەنگەن ھەمدە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقوت قىلىش نامايىشى ئۆتكۈزۈلگەن.

12 - نويابىر قىرغىزىستاندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئابلىمىت بەكرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق سەپداشلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈننى خاتىرىلىگەن.





# ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى



ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەۋاتقان بىر پەيتتە، ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، 5000 كىشلىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

مەزكۇر بىرلىك 50 دىن ئارتۇق تەشكىلاتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» شوئارى بىلەن كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» جىنايىتىنى ئەيىبلىگەن.

نامايىش 13-نويابىر لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى بىلەن مانچېستېردىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ. نامايىشچىلار خىتاينى ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشقا چاقىرغان. نامايىشتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە قۇلاق يوپۇرۇۋالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىتىش مەقسەت قىلىنغان.

نامايىشقا ئەنگلىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەر ۋە رايونلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىراس مەركىزى، ئەلئەنسار مەسچىتى، بىراكنېل ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى، ئەلمەرىفەھ فوندى جەمئىيىتى، نوربۇرىي مۇسۇلمانلار تىنچلىق مەركىزى، شەرقىي لوندون مەسچىتى ۋە لوندون مۇسۇلمانلار مەركىزى، گىرلىڭتون مۇسۇلمانلار پاراۋانلىق جەمئىيىتى قاتارلىق 50 دىن ئارتۇق تەشكىلات ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، نامايىشتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىغا قارشى بايانات ئېلان قىلىنغان ۋە «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك» دېگەندەك شوئارلار توۋلانغان.

نامايىشتىن بۇرۇن «21-ئەسىردىكى ئىسلام» ناملىق تور بەت «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» نامىدا چاقىرىق ئېلان قىلغان بولۇپ، نامايىشچىلار ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق چۈشۈرۈلگەن مايكىلارنى كىيىپ، نامايىشقا قاتناشقان.





# مادو شىركىتى خوجايىنىنىڭ خىتاي ھەققىدىكى سۆزلىرى كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچرىدى

تۈركىيەدىكى داڭلىق ماركىلاردىن بىرى بولغان مادو شىركىتىنىڭ خوجايىنى خىتاي ھەققىدىكى نومۇسسىزلارچە سۆزلىرى سەۋەبلىك قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىدى.

تۈركىيەدىكى داڭلىق مارۇژنى ۋە تاتلىق-تۈرۈم شىركىتى مادونىڭ خوجايىنى مەھمەت كانبۇر 15 - نويابىر خىتاي خەلقئارا رادىيوسى تۈركچە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، مادو شىركىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خىتايدىكى پىلانلىرى ھەققىدە توختالغان. ئۇ زىيارەتتە يەنە شىركىتىنىڭ خىتايدىكى ئېچىلىش مۇراسىمى ھەققىدە توختىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى «خىتايدىن» دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى، مېھمانلارنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى تىلغا ئالغان ۋە بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «ئىنسانىنىڭ ئىككى ۋەتىنى بولىدۇ، بىرى تۇغۇلغان يېرى، يەنە بىرى تويغان يېرى. خىتايدا تويغانىكەنمەن، مەن خىتايدىن» دېگەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تور دۇنياسىدا تارقالغاندىن كېيىن، تۈركىيە ئىچى-سىرتىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار، شۇنداقلا تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ھەر قايسى ساھەلەردىكى زاتلار، داڭلىق شەخسلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتلىرى ئارقىلىق مەھمەت كانبۇرنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە غەزىپىنى بىلدۈرۈشتى.

تۈنۈگۈن كەچتە تۋىتتېردا يەنە «مادونى بايقۇت قىلايلى» تېمىسىدا ھەشتەگ پائالىيىتى باشلانغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەدىكى تۋىتتېر كۈنتەرتىپىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

مادو 1850 - يىلى تۈركىيەدە قۇرۇلغان شىركەت بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، داڭلىق ماركىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە مادونىڭ 22 دۆلەتتە تارماق شىركىتى بار بولۇپ، مەھمەت كانبۇر خىتايدىكى زەنجىرسىمان دۇكىنىنى مىڭغا يەتكۈزۈش نىشانى بارلىقىنى بىلدۈرگەن.

مادو شىركىتى ئالدىنقى ئايدىمۇ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش ھەققىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ مادو شىركىتىگە تەۋە پائالىيەت زالىدا ئۆتكۈزۈلۈشىگە رۇخسەت قىلمىغانلىقى ۋە بۇنىڭ خىتايدىكى سودىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.




ئامېرىكا خىتاي ۋە رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون دۆلەتنى دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرغان دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 17 - نويابىر رۇسىيەنى دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرغانلىقى سەۋەبلىك «ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدىغان دۆلەتلەر» تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە خىتايمۇ بار بولۇپ، مەزكۇر دۆلەتلەر ئۆتكەن يىلى دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلغان دۆلەتلەر قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا ئامېرىكىنىڭ بارلىق دۆلەتلەردىكى دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ باياناتىدا بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۆز ئېتىقادى بويىچە ياشىغانلىقى ئۈچۈنلا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پاراكەندە قىلىنغانلىقىنى، قولغا ئېلىنغانلىقىنى، تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى، تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا بۇ يىل رۇسىيەنى دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، قارا تىزىملىكتىكى خىتاي، شىمالى كورىيە، كۇبا، ئالجىرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، بىرما، ئىران ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ھەر يىلى مەزكۇر تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. بۇلتۇر «ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدىغان دۆلەتلەر» قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن نىگېرىيە بۇ يىل تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىلگەن بولۇپ، بلىنكېن بۇ ھەپتە نىگېرىيەنى زىيارەت قىلىدىكەن.






خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنى تەسىس قىلىپ، ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى لاگېرلارغا سولاپ قىرغىن قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە بۇ جىنايى قىلمىشلار خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان بىر پەيتتە، ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق جىددىيلەشكەن خىتاي بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، مەزكۇر لاگېرلارنى ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى. ئەمما گۇەن گۇەن ئىسىملىك بىر خىتاي ياش خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم جازا لاگېرلىرىنى مەخپىي سىنىغا ئېلىپ تارقىتىپ، خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

سىندا بىلدۈرۈلۈشىچە، گۇەن گۇەن خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىپ شەرقىي تۈركىستانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئۇ ئامېرىكا تاراتقۇلىرى لاگېر ھەققىدە تارتقان لاگېر ئادرېسلىرى ھەمدە بەيدۇ خەرىتىسىگە ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى سەككىز شەھەر ۋە بازاردىكى 18 ئورۇننى مەخپىي زىيارەت قىلغان. ئۇ زىيارەت جەريانىدا خىتاي ئىنكار قىلىۋاتقان جازا لاگېرلىرىنى بايقىغان بولۇپ، ئامېرىكا ۋە خەلقئارا ئاخبارات ۋاستىلىرى جازا لاگېرلىرى ھەققىدە ئېلان قىلغان خەۋەر ۋە دوكلاتلارنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، مەزكۇر سىننىڭ ئىلگىرىكى چەتئەل تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن لاگېرلار ھەققىدىكى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەشكە ياردىمى بولىدىكەن.

«شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرىنى تېپىش» ناملىق مەزكۇر سىن 6 - ئۆكتەبىر تورغا يوللانغان بولۇپ، ئۇ سىننىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ چەت ئەل مۇخبىرلىرى چەكلەنگەن شەرقىي تۈركىستانغا بىر خىتاي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەركىن كىرىپ، خەۋەرلەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان سۆزلەرنىڭ راست ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. نۆۋەتتە بىر قىسىم ئانالىزچىلار بۇ سىننى چەت ئەل ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنىڭ ساختىپەزلىك ئىكەنلىكىنى، لاگېرلارنىڭ كۆلىمى ۋە سانىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە ئاشكارىلانغان سان ۋە كۆلەمدىنمۇ چوڭ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تورداشلار يەنە خىتاي بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلىغان گۇەن ئىسىملىك خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرىگەن. ئەمما ئۇ يېقىندا تىۋىتتېردا ئۇچۇر ھەمبەھىرلىگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ھازىر خىتايدا ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىشماقتا.




يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا يۈزدىن ئارتۇق خەلقئارالىق ماركىنىڭ يەنىلا ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە مۇناسىۋەتلىك پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، «پاختا يىپ يۇيۇش، شىنجاڭ پاختىسىنىڭ خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرىدە قانداق كۆلەڭگىسى بار» تېمىسىدا بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلىنغان بولۇپ، دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسىنى ئىشلىتىدىغان خىتاينىڭ بەش چوڭ يىپ ۋە رەخت بىلەن تەمىنلىگۈچى سودىگىرى يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى خەلقئارالىق ۋاستىچى شىركەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدىكەن. بۇ ۋاستىچى سودىگەرلەر خىتاي شىركەتلىرىدىن سېتىۋالغان مەھسۇلاتلارنى ئامېرىكىدىكى خەلقئارالىق ماركىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزىدىكەن.

دوكلاتتا: «بىز شەرقىي تۈركىستان پاختىسىنى يۈزدىن ئارتۇق خەلقئارالىق ماركا بىلەن تۇتاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان تەمىنلەش زەنجىرىنى سىزىپ چىقتۇق» دېيىلگەن.

دوكلاتنىڭ ئاساسلىق ئاپتورى ئەنگلىيە شېففىلد خالام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە زامانىۋى قۇللۇق ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور لاۋرا مۇرفىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي خەلقئارادا سېتىۋاتقان پاختىنىڭ تەخمىنەن 85% ى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ پاختىلارنى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش ۋاستىسى بىلەن يىغىدىكەن.

لاۋرا مۇرفىنىڭ ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىغا ئاشكارىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن يېزا-كەنت ئاھالىسىنىڭ يەرلىرىنى ئىجارە بېرىشكە مەجبۇرلايدىكەن. ئاندىن



يەرلىك ئەمەلدارلار مەزكۇر كەنت ئاھالىسىنى «ئېشىنچا ئەمگەكچىلەر» دەپ ئاتاپ خىتاي يولغا قويغان ئاتالمىش «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» سىياسىتىگە شارائىت ھازىرلايدىكەن.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنىڭ پاختا ۋە پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەنىدى.

**دوكلاتنىڭ ئاپتورى ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدىكى خەلقئارا سودا ۋە تاموژنا سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خىتاي پاختا، يىپ ۋە رەخت ئېكسپورتىنىڭ 52% ىنىڭ بېنگال، سىرىلانكا، ۋيېتنام، فىلىپپىن، خوڭكوڭ، ھىندونېزىيە، كامبودژا، ھىندىستان، پاكىستان، كېنىيە، ئېفىيوپىيە ۋە مېكسىكا قاتارلىق 53 دۆلەت ۋە رايوندىكى ۋاستىچى ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەرلەرگە توشۇلغانلىقىنى، مەزكۇر 53 دۆلەتنىڭ يېرىم تەييار پاختا مەھسۇلاتلىرىنى 103 داڭلىق ماركىلىق شىركەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن پاختا مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بايقىغان.**

دوكلاتتا: «نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق ماركىلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى بىلمەيلا سېتىۋالىدۇ» دېيىلگەن.

لاۋرا مۇرفى دوكلاتنىڭ ئاخىردا: «مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلغان ئىقتىسادنى قوللىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەرشارىدىكى داڭلىق ماركىلار چوقۇم بارلىق تەمىنلەش زەنجىرىنى خام ئەشياغىچە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشى كېرەك» دېگەن.

مۇرفىي ئامېرىكا ئاۋازىغا: «مۇرەككەپ تەمىنلەش زەنجىرلىرى خام ئەشيانىڭ كېلىش مەنبەسىنى يوشۇرۇشى مۇمكىن. بەزىدە تەمىنلىگۈچىلەر تەمىنلەش مەنبەسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئوخشىمىغان مەنبەدىن كەلگەن پاختا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىشى مۇمكىن. شۇڭا بەزى شىركەتلەر ھەربىر تەمىنلىگۈچى ۋە تارماق تەمىنلىگۈچىنى پائال تەكشۈرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىغا چېتىلىپ قالماسلىقتا كاپالەت قىلىشقا تىرىشماقتا. بەزى شىركەتلەرنىڭ ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ ئاساسى يوق» دېگەن.

مۇرفى دوكلاتنىڭ ئاخىردا يەنە: «ئەگەر تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر مەھسۇلاتنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىسە ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلمىغانلىقى ھەققىدە قايىل قىلارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلىيەلمىسە، ئۇنداقتا بۇ ماركا تەمىنلىگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توختىتىش كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن.



# ئەردوغان: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتىمىز



**تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەب تاييىب ئەردوغان خىتاينىڭ جىنايىتىگە ئىزچىل سۈكۈت قىلىپ كەلگەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى.**

پىرېزىدېنت ئەردوغان ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىقتىساد ۋە سودا ھەمكارلىقى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 37 - نۆۋەتلىك مىنىستىرلار يىغىنىغا تور ئارقىلىق قاتناشقان بولۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ھەمدە ئىسلام دۇنياسىدىكى كرىزىسلار ھەققىدە توختالغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ھەققىدە توختالغان.

ئەردوغان سۆزىدە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغان پەلەستىن مەسىلىسىنى ئاخىرىغىچە قوغداشتا مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن پەلەستىن دەۋاسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىرقچىلىق سۆزلىرى ۋە ئىسلام دىنى ۋە چەتئەللىكلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكىنى، بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان تەدبىرلەرنىڭ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغانلىقىنى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر ئىسلام تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، بۇ ساھەدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئەردوغان روھىنگا مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىك كرىزىسىنىڭ داۋاملىق ئېغىرلاشقانلىقىنى، روھىنگادىكى بىخەتەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ئاراكاندا تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.



ئۇ يەنە تۈركىيەنىڭ لىۋىيە مەسىلىسىدە قانۇنلۇق تەرەپنى قوللىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق رايوندا تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي ئىتتىپاق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى، لىۋىيە خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقىنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەردوغان 40 يىلدىن بۇيان توقۇنۇش ۋە ئىشغالىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئافغانىستان خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش، ئافغانىستان خەلقىگە بولغان قېرىنداشلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، داۋاملىق ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى سۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئەردوغان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىپ: «بىز خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتىمىز، مەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇش نىشانىغا ماس ھالدا، بۇ مەسىلىگىمۇ سەزگۈر قارىشى كېرەكلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى قايتا تەكىتلەيمەن» دېگەن.

ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە سۈكۈت قىلىپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك ئىزچىل تەنقىدكە ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، پىرېزىدېنت ئەردوغاننىڭ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالماقتا.

بىر نەچچە كۈن بۇرۇن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئافغانىستان ئالاھىدە ۋەكىلى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى كومىتېت رەئىسى پىروفېسسور ئەھمەد ئەززەم ئابدۇراھمان ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتنى دۇنيا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئالاھىدە ئەلچىسىگە يەتكۈزگەنىدى.





# كۆچلۈك مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز لازىم؟

ئاللاھ سۇبھانەۋەتائالا كۈچلۈك مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن بىلمەيدىغىنىمىز يوق دېيەرلىك بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي چارە ئىزدەۋاتقانلىرىمىز قانچىلىك؟ بۇ ھەقتە ھەممىمىز ئۆزىمىزنى بىر كۆزىتىپ، ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك، دەپ قارايمەن.

> «كۈچلۈك مۇسۇلمان» دېگەن ئىبارىنى «ئىماندا، بىلىمدە، مالدا، جىسمانىي قۇۋۋەتتە كۈچلۈك بولغان مۇسۇلمان» دەپ چۈشەنسەك (ئەلۋەتتە شۇنداق چۈشىنىشىمىزدە بىر خاتالىق يوق)، ئاللاھنىڭ بۇ كۈچلۈكلەردىن بولۇشقا قادىر بولالىغۇدەك ئىمكانىيەت ۋە ئەقىلنى بىزگە يەتكۈچە بەرگەنلىكىگە ئىشىنىمىز، ئەلۋەتتە.

ناۋادا مالدا كۈچلۈك بولۇش، يەنى ھەر يەرگە قولىنى سۇنسا يېتىدىغان بايلاردىن بولۇشتىن نېسىۋىمىز بولمىغاندىمۇ، كۆڭلى، كۆزى توق باي بولۇش ھەممىمىز تىرىشساق ئېرىشەلەيدىغان بايلىقتۇر. ساغلام تەن ۋە ساغلام روھ بولسا ئاللاھ بىزگە بەرگەن ئەقىل بىلەن يېمەك-ئىچمەكتە ھالال، پاكىز ۋە پايدىلىق بولغانلارنى تاللاپ يېيىش، بەدىنىمىزگە زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن، شۇنداقلا زېھنىمىزگە، روھىمىزغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشتا ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن ياشاشقا تىرىشىش بىلەن قولغا كېلىدىغان كۈچلۈكلۈكتۇر.

ئىماندا كۈچلۈك بولۇشقا كەلسەك، ھەر ۋاقىت ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ئىلىملەر، ئەمەللەر بىلەن ۋە ئىمانىمىزنى كۈچلۈك ساقلاشتا ياردەمدە بولىدىغان مۇھىت، دوست، جامائەت بىلەن بىرگە بولۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان كۈچلۈكلۈكتۇر.

ئىلىمدە كۈچلۈك بولۇش بولسا، ئاللاھنىڭ «ئوقۇ» ئەمرىگە پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ قۇرئاننى، قۇرئاندا بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان بارلىق ئىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان كۈچلۈكلۈكتۇر.

خوش، ئۇنداقتا يۇقىرىقىدەك مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە بىزنىڭ كۈچلۈك بولالماسلىقىمىزغا ھېچقانداق بىر سەۋەب قالمىدىغۇ دەيمەن؟ بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بەزى مۇسىبەت ۋە مۇشكۈلچىلىكلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە قارىساقمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمىزدىن كەلمىدىمۇ؟ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ رېئال بولغان ھازىرقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق، يەنىلا بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزدىن بولمىدىمۇ؟

تارىختا ئاتا-بوۋىلىرىمىز شۇنچىلىك شانلىق تارىخنى ياراتقانىدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ئەزالىرى بىزنىڭكىدىن ئارتۇقمىدى ياكى ئۇلارغا ئاسماندىن ئالتۇن-كۈمۈش ياغقانمىدى ۋە ياكى ئۇلار تۇغۇلۇشتىنلا



ئىلىم-ئېرپان ئىگىسى بولغانمىدى؟ جاۋابىمىز ئەلۋەتتە «ياق!». بىراق ئۇلاردا ئارتۇق بولغىنى كۈچلۈك ئىمان ئىدى، كۈچلۈك ئىرادە ئىدى، ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزى توق، بىلىكى توم، يۈرىكى قاپلان ئىدى. ئۇلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىدىن، قوراللىرىنىڭ دۈشمەننىڭكىدىن ئاددىي بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىغانىدى، ئىمكانىيىتىنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىدىن قورقمىغانىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى كۈچلۈك، دەپ قارايتتى، ئۆزلىرىنىڭ «ئىرادە كۈچلۈك بولسىلا، يەڭگىلى بولمايدىغان مۈشكۈلات يوق» دەپ قارايدىغان پرىنسىپى بىلەن ھازىرقى بىزدىن كۈچلۈك ئىدى، ئىمانىنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن بىزدىن كۈچلۈك ئىدى. مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن كۈچلۈك بولۇشتىن بەكرەك، كۆزىنىڭ توقلۇقى، قەلبىنىڭ بايلىقى بىلەن كۈچلۈك بولغانلىقىدەك تەرەپتىن بىزدىن كۈچلۈك ئىدى. بىلىمىنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە توختىماي بىلىم كويىدا بولغانلىقىدەك كۈچلۈكلۈكى بىلەن بىزدىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ بىرلا جېنى بار ئىدى. بىراق ئۇلار شۇ بىر جېنىنى نەگە، نېمىگە ئاتاش، ئۆمرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قانداق ئۆلچەش... جەھەتلەردىكى كۈچلۈكلۈكى بىلەن بىزدىن كۈچلۈك ئىدى.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز تۆگىسىنى باغلىمايلا ھوزۇرىغا كىرگەن ساھابىدىن: **«تۆگەڭنى باغلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغان ۋە ئۇ ساھابىنىڭ: «مەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم» دېگەن جاۋابىغا قارىتا: «ئالدى بىلەن تۆگەڭنى باغلاپ بولۇپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل» دېگەن ھەدىسىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى جەھەتتە بىزدىن كۈچلۈك ئىدى.**

ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈك مۇسۇلماننى ياخشى كۆرىدۇ. يەنى ئاللاھ بەرگەن ئەقلىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە تىرىشقان كۈچلۈك مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ئۆزى ئاتا قىلغان مال-دۇنيا، ئەقىل ۋە ئىمكانىيەتلەردىن توغرا يولدا پايدىلانغان، ياخشى پۇرسەتلەردىن ئۈنۈملۈك، جايىدا ئىشلىتىپ، مال-دۇنيادا كۈچلۈك بولغان ۋە ئۇ مال-دۇنيا بىلەن ھەق يولنى، ھەق يولدا قىلىنغان خىزمەتلەرنى كۈچلەندۈرگەن مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاللاھ جىسمانىي ساغلىقىنى ئاسرىغىنىدەك، روھىنى ھەم ساغلام تۇتقان، مەنىۋىيىتى، ئىرادىسى كۈچلۈك، قايغۇدىن يىقىلىپ قالمىغان، يوقلۇقتىن ۋايسىمىغان، چارىسىزلىكتىن گاڭگىرىمىغان، مۇسىبەتتىن شىكايەت قىلىپ، كېلىشمەسلىكنى باشقىلارغا دۆڭگەپ، ئىمكانسىز كۆرۈنگەن سىناقلاردىن چۈشكۈنلەشمىگەن مۇسۇلماننى ياخشى كۆرىدۇ.

قىسقىسى ھەر ۋاقىت ئاللاھقا ئىشەنگەن، ئاللاھنىڭ كۈچلۈك مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە بۇ يولدا يۆلىنىۋالغۇچى ئەمەس، يۆلەنچۈك بولىدىغان، تىلىگۈچى ئەمەس، تەمىنلىگۈچى، دەرد تۆككۈچى ئەمەس، دەردلەرگە داۋا تاپقۇچى، يولدىن ئېزىپ قالغۇچى ئەمەس، يول كۆرسەتكۈچى بولغان كۈچلۈك مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن كۈچلۈك بولغان مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ھەر ۋاقىت ئېرىشىدىغان مۇسۇلماندۇر. ئاللاھقا يۆلىنىپ ئىككى دۇنيالىق قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇشىمىز دەل بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزىمىزدۇر. بولۇپمۇ ھازىر، بولۇپمۇ دەل ھازىر.

*مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر*

2021 - يىلى 26 - نويابىر، ئىستانبۇل




**خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ دۇنيادىكى تەسىرىنى زورايتماقتا.**

# مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

**ئىستىقلال ئاۋازى**

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياماچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**